# مۇھەممەت سالىھ داموللام بىلەن نورۇز كۈنى توغرىسىدا بولغان سۆھبەت

نىياز داموللاجىم بوستانى

سۆھبەت تارىخى 2010 - يىلى مارت
ئۈرۈمچى

مۇھەممەت سالىھ داموللامنىڭ قورۇسىغا ئەھلى ئىلىملەردىن ( مۇھەممەت ئابدۇللاھ داموللام، يۈسۈپجان داموللام، ئابدۇسەمەت قاراجىم قاتارلىقلار) يىغىلغان ئىدۇق، مۇھەممەت سالىھ داموللام ئالدىنقى يىلى نورۇز يىغىلىشىغا قاتناشقان بولغاچقا، داموللام بىلەن نورۇز توغرىسىدا سۆھبەتلىشىش مەقسىتىدە ئىككى كىشىنى تاللاپ، داموللامنىڭ قېشىغا كىرگۈزمەكچى بولدۇق، بۇنىڭغا نىياز داموللام بوستانى بىلەن ئابدۇسەبۇر ھاجىم خوتەنى كىرىدىغانغا مەسلىھەت قىلدۇق.
مۇھەممەت سالىھ داموللامدىن سورالغان سۇئال: سىلى ئۆتكەن يىلى مىراج ئاشخانىسىدا نورۇزنى تەبرىكلەش يىغىلىشىغا قاتنىشىپلا، بۇنىڭ شەرئەتتىكى ئورنىنى سىلىدىن بىلىپ باققان بولساق.
جاۋابى: ھازىر ئىران، تۈركىيە ۋە ئافغانىستان قاتارلىق تۈرك دۆلەتلىرىدە ئۆتكۈزۈلىۋاتىدۇ، مەنمۇ ئۆتكەزسەك بولامدىكىن دەپ ئويلايمەن.
نىياز داموللاجىم: بۇنى تەبرىكلەش شەرئەتكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ بۇ توغرىسىدا ئويلىغانلىرى بارمۇ؟
جاۋاپ: ئۇيغۇن كېلىپ - كەلمەيدىغانلىقى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. مەنمۇ ئۆزرىلىك بىر شەكىلدە ئۇ يەرگە بارغان تەرەپلىرىممۇ بار.
مۇھەممەت سالىھ داموللام: سىلى (نىياز داموللاجىم) بۇ مەسىلىگە دىنىي نۇقتىدىن قانداق قارايدىلا؟ سىلىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ باقسام، دېدى. مەن (نىياز داموللاجىم) بۇنىڭ دىنىي نۇقتىدىن قانداق قارايدىغانلىقىمىز توغرىسىدىكى ئايەت - ھەدىسلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

﴿وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا﴾(25/«فۇرقان»: 72)

ئىبنى سىرىن مەزكۇر ئايەتنى «خرىستىيانلارنىڭ بايراملىرىغا قاتناشمايدىغانلار» دەپ تەفسىرلىگەن. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئەدداھھاك، تاۋۇس ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىق ساھابە - تابىئىنلار ئايەتتىكى «زەۋر» كەلىمەسىنى مۇشرىكلارنىڭ ھېيت - بايراملىرى دەپ تەفسىرلىگەن. ئىمام ئىبنى تەيمىيە: «ئىقتىزائۇس سىراتىل مۇستەقىم»، 1 - توم، 480 - بەت؛ ئىبنى كەسىر: «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 6 - توم، 130 - بەت؛ قۇرتۇبىي: «تەفسىرۇ قۇرتۇبىي»، 13 - توم، 79 - بەت.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مەدىنە ئەھلىنىڭ ئويۇن - تاماشا قىلىدىغان ئىككى بايرام كۈنى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ بۇ ئىككىسى نېمە كۈن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:
ـ بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە مۇشۇ ئىككى كۈندە ئويۇن - تاماشا قىلاتتۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ ئىككى كۈننىڭ ئورنىغا بۇلاردىن ياخشىراق بولغان ئىككى ھېيت كۈننى ئالماشتۇرۇپ بەردى، ـ دېدى».(«ئەبۇ داۋۇد»، 1134 ـ ھەدىس؛ «نەسائىي»، 1556 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن)

ئالىملار يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن مۇشرىكلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىدا شاد ـ خۇراملىق ئىزھار قىلىشنى ۋە ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشنى يامان كۆرگەن. ھەنەفىي ئالىملاردىن ئەبۇ ھەفس ئەلبۇخارىي نورۇز ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى نورۇزنى چوڭ بىلىپ بىر مۇشرىككە بىر تۇخۇم سوۋغا قىلسا، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ».(سانئانىي: «سۇبۇلۇسسالام»، 2 ـ توم، 70 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە قايتا ـ قايتا ئۈچ قېتىم:

― مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ― دېگەن ئىدى، ساھابىلەر:

― ماقۇل، خەۋەر بەرسىلە، ئى رەسۇلۇللاھ! ― دېدى. رەسۇلۇللاھ:

― ئاللاھقا  شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ― دەپ تىك ئولتۇردى. ئە سلىدە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئاندىن:

― ئاگاھ بولۇڭلار! يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش. ئاگاھ بولۇڭلار! يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ― دېدى. رەسۇلۇللاھ ئاشۇ سۆزنى ساھابىلەر «ئەمدى توختاپ قالسىچۇ» دەپ قالغۇدەك دەرىجىدە قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋەردى. (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 5976 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 87 ـ ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «كىمكى بىر مىللەتكە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن. («ئەبۇ داۋۇد»، 4031 ـ ھەدىس. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن)

«نورۇز پارسلارنىڭ بايرىمىدۇر»(«ئىقتىزائۇس سىراتىل مۇستەقىم»، 2 ـ توم، 12 ـ بەت)
ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىدا ئۇلاردىن نېرى تۇرۇڭلار» دېگەن. («ئىقتىزائۇس سىراتىل مۇستەقىم»، 1 ـ توم، 513 ـ بەت)

مۇھەممەت سالىھ داموللام سۆھبەتتىن كېيىنكى جاۋابىدا: «سىلى توغرا دېدىلە، بۇلار مېنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، بۇنى دىنىي نۇقتىدىن بىدئەت بىلىش كېرەك ئىكەن، مەن ئەتىكى نورۇزغا ئەمدى بارماي، باشقا ئەھلى ئىلىملەرگىمۇ ئۆزرەمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، قىيامەتتە ھەرقايسىڭلار ماڭا شاھىد بولۇڭلار، مەن نورۇزغا بولغان بۇرۇنقى قارىشىمدىن ياندىم» دېدى.